شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گازەتى　新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
30
سەيشەنبە
维吾尔文 3 月30日
25376 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بولۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　تىيانشان تورى: www.ts.cn

شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇرۇندى زۇڭتۇڭى، سىرى لانكا زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە بۇرۇندى زۇڭتۇڭى ئېندايىشىمىيې بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو - بۇرۇندى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىشى مۇستەھكەم، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، خەلقئارا ئىشلاردا زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى قاتارلىقلار بېيجىڭدا مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان ھەمدە تەقدىرلەنگەن، مۇكاپاتلانغان ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن سەممىي ئەھۋال سورىدى ۋە ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

3- قىسىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
ئىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

جۇڭگو پاختىچىلىقىدا شىنجاڭغا نەزەر

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ يى

دۇنيا پاختىچىلىقىدا جۇڭگوغا نەزەر سېلىش، جۇڭگو پاختىچىلىقىدا شىنجاڭغا نەزەر سېلىش كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان شىنجاڭ كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆزگىچە كىلىمات شارائىتىغا ئىگە، قاردەك ئاپئاق كېۋەزلىكلەر بۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى جانلىق نام كارتىسى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە %87.3 ھوسۇلنى ئىگىلەيدۇ، بۇ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇشتەك كۈچلۈك ئەمەلىي كۈچىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو پاختىچىلىقىدا شىنجاڭغا نەزەر سالساق، كۆرىدىغىنىمىز پەقەت ھوسۇللا ئەمەس. كۆلەملەشكەن، تۈجۈپىلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى، تۈركۈملەپ مەشغۇلات قىلىدىغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇقلىرى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تىجارەت سىستېمىسىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىراتى. ئادەتتىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەل رايونىدىن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغىچە، خاس كەسىپتىن رايون تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈك كەسىپكىچە، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى دەل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھوسۇلى مول، ئۈنۈمى ياخشى، كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇپ تاشقان شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپى يەر شارىۋى پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىدە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرماقتا، جۇڭگودىكى ئەلا سۈپەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان شىنجاڭ پاختىسى تەڭداشسىز مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھوسۇلى زور بولدى سۈپىتى ئۆسۈپ، ئۈنۈمى ئېشىپ، سۈپەت ئەلالاشتى

2020 - يىلى، شىنجاڭنىڭ پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 5 مىليون 161 مىڭ توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت پاختا ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ %87.3نى ئىگىلىدى، شىنجاڭنىڭ كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك ھوسۇلى، ئومۇمىي ھوسۇلى، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىش مىقدارى ئۇدا 27 يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى.

ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەۋزەللىكى ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ مۇھىم ئورنىغا ئاساس سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلەرگە شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچىنى كۆرسەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا مەركەزلىشىشكە پائال يېتەكلىدى، كېۋەز تېرىشقا قىسمەن باب كېلىدىغان رايون ۋە خەۋپ - خەتىرى بار كېۋەز رايونلىرىنى كېۋەز تېرىشتىن تەدرىجىي چېكىندۈردى، پاختا بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشتا «مىقدار»نى قوغلىشىشتىن «سۈپەت»نى قوغلىشىشقا ئۆزگىرىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى. 2020 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 2 مىليون موغا تەڭشەپ ئازايتىلغان ئەھۋالدا يەنىلا ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سۈپەت ۋە ئۈنۈم شىنجاڭنىڭ پاختا ھوسۇلىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى رىقابەت كۈچىگە ئايلاندى.

«تالانىڭ بىردەكلىك پەرقى ئىزچىل ئاپتونوم رايونىمىز پاختىچىلىق كەسپىدىكى كەمتۈكلۈك بولۇپ كەلدى، مۇشۇ يىللاردا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز سورتى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ كەمتۈكلۈك تېز تولۇقلانماقتا». شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تەتقىقات ئورنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

كۇچادا مىليون مو يەرگە كېۋەز تېرىش باشلاندى

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بېيدوۋ يول باشلايدىغان شوپۇرسىز تىراكتور كۇچا شەھىرى ياقا بازىرىنىڭ شۇنۇت كەنتىدىكى يۇقىرى ئۆلچەملىك كېۋەز تېرىش بازىسىدا تۈجۈپىلەپ كېۋەز تېرىماقتا. بۇ شەھەر بۇ يىل 1 مىليون 550 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىشنى پىلانلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا يىغىۋېلىنىدىغان پاختا كۆلىمى 1 مىليون 250 مىڭ مو.

□ ۋۇ لې فوتوسى

100 يىللىق كۈرەش يولى　يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

پارتىيە تارىخىدىن ئەقىل قوبۇل قىلىش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش

— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش　ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش　يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلىپ، 100 يىلدىن بۇيان پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسىنى سىستېمىلىق ئەسلەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ھەققىي تۈردە 100 يىللىق پارتىيە تارىخىدىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى قۇدرەتلىك جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچ قوبۇل قىلىشقا يېتەكلىدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىم لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

قەيسەر ئابدۇكېرىم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش؛ پارتىيە تارىخى ئاساسىي ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش؛ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭقۇر ئىگىلەش؛ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لېكسىيە ئۆمىكى بورتالا كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە كېلىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى چۆچەكتە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدە «ئېلان چىقىرىپ باشلامچى تاللاش» تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جېڭ جو** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق ساھەلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ۋە كەسىپ تەرەققىياتى جىددىي ئېھتىياجلىق مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدە «ئېلان چىقىرىپ باشلامچى تاللاش» تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا يۈزلىنىپ باشلامچى، تايانچ كارخانىلار ئوتتۇرىغا قويغان تېخنىكا قىيىن مەسىلىلىرى ياكى مۇھىم، زور تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئېھتىياجىنى توپلاۋاتىدۇ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، داشۆلەر، كارخانىلار قاتارلىقلار ئىگە بولغان، شىنجاڭدا ئايلاندۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى توپلاۋاتىدۇ.

توپلانغان «ئېلان چىقىرىپ باشلامچى تاللاش» پەن - تېخنىكا تۈرلىرى ئېھتىياجىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى تەشكىللەپ دەلىللىگەندىن كېيىن، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز بەش يىلدا 85 مىليارد 600 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلەغ چۈشۈردى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل ناسىر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2016 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون نۇقتىدا سىناق قىلىنغان نامرات ناھىيەلەرگە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلىغىدىن جەمئىي 85 مىليارد 693 مىليون يۈەننى تەقسىملەپ چۈشۈرگەن. 2020 - يىلى 2016 - يىلدىكىدىن 19 مىليارد 371 مىليون يۈەن كۆپەيتىلىپ، %479.48 ئاشقان.

يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار مەبلەغنى بىرىكتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش سىياسىتى مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)